ئابدۇلقۇددۇس ھافىز

# يۇمۇر - چاقچاقلار



1

تۈركىيە ___ 2017

يۇمۇر - چاقچاقلار



www.uyghurkitap.com

ئابدۇلقۇددۇس هافىز

# يۇمۇر ــــ چاقچاقلار

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى

2020 . 2

نەشرگە تەييارلىغۇچى : ئابدۇلقۇددۇس ھافىز
ئېلخەت : ateskalp2 @gmail.com
تېلىفۇن نۇمرى : 05364417258

ئالاقىلاشقۇچى: ئابدۇخېلىل ھاجىم
تېلىفۇن نۇمرى : 05343268456

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى

2 . 2020

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەزىز قېرىنداشىم!

«بىر كۈلسەڭ ياشىرىسەن ئون ياش»دېگەن ماقالىدىن خەۋىرىڭىز باردۇر، ئىنشا ئاللاھ.

خوش، ئاخشىمى ئىشتىن قايتىپ كەلگىنىڭىزدە سىزنى ھۇزۇرلاندۇرىدىغان كۈلكە - چاقچاقلارنىمۇ ئاڭلىغۇڭىز كېلىدىغاندۇ(؟)

ئەمسە بۇ كىتاپنى قولىڭىزغا ئېلىڭ ۋە قىزىقارلىق سەھىپىلىرىگە كۆز تاشلاڭ. كىتاپ شۇ ئاندا سىزنى بىر ئوبدان كۆڭۈل خۇشى گەپلەر بىلەن كۈلدۈرۈپ، راھەت بېغىشلىسا ئەجەپ ئەمەس.

ئەلبەتتە كۈلكە - چاقچاقمۇ جايىدا بولسا بەكمۇ تېتىملىق بولاتتى. ئەمما بەزى ئادەملەر چەكتىن ئاشقان، قىنىدىن تاشقان گەپ-سۆزلەرنى قىلىشتىنمۇ ئۇيالمايدىكەن. شۇكرىكى، ئۇنداقلار تىگىشلىك جاجىسىنى يەمەيمۇ قالمايدىكەن. ئاچچىق ساۋاق ئۇچۇن كىتاپقا مانا شۇ خىلدىكى «ھەزىلە» گەپلەرنىمۇ كىرگۈزۈپ قويدۇم، خاتا چۈشەنمىگەيسىز. بىزدە: «ئاغزىمغا كەلدى دەپ دېمە، ئالدىمغا كەلدى دەپ يېمە»، «ئۇيان-بۇيان، قۇڭى يوغان» دەيدىغان قىممەتلىك ماقالە بار. شۇڭا گەپ-سۆزدە ئەدەپ-ئەخلاقتىن چەتنەپ كەتمەيلى.

قېنى ئەمسە دىققىتىڭىز كىتاپتا بولغاي.

ھۆرمەت بىلەن: كەمىنە ئابدۇلقۇددۇس
2017.1.10

# ساقچى بىلەن قىمارۋاز

ساقچىلار قىمار ئويناۋاتقان تۆت كىشىنى تۇ-تۇۋاپتۇ.

- سىلەر قىمار ئويناشنىڭ قانۇنغا خىلاپ قىلمىش ئىكەنلىكىنى بىلمەمسىلەر، دەپتۇ ساقچى.

- مەن قىمار ئوينىمىدىم ، پەقەت كۆرۈپ تۇرغان ، دەپتۇ ئۇلارنىڭ بىرى.

ساقچى يەنە بىر ئادەمدىن سوراپتۇ.

مەن ئاپتۇبۇس ساقلاۋاتقانتىم ، دەپتۇ يەنە بىرى.

ئۈچىنچى ئادەم پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، دەرھاللا:

مەن يۇرگىنىمنى ساقلاۋاتقان، دەپتۇ.

ساقچى قولىدا قارتا تۇتقان 4-ئادەمگە قاراپ:

- سىنىڭ قولۇڭدا ماددى ئىسپات بار ، سەنغۇ تىنىۋالالماسسەن، دەپتۇ.

ئۇ ئادەم بىر دەم قولىغا ، بىر دەم ساقچىغا قاراپ مۇنداق دەپتۇ:

- ساقچى ئەپەندىم ،سىزنىڭچە ، مەن كىم بىلەن قىمار ئوينىغاندىمەن ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# جاندىن پۇل تاتلىق

ئېغىر كېسەل بولۇپ قالغان بىر كىشى دوختۇر-نىڭ نەسىھىتى بويىچە دەرھال ئۆيىگە قايتماقچى بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۆيى خېلى يىراقتا بولسىمۇ، قىسقا بېكەتنىڭ بېلىتىنى ئاپتۇ. يېنىدا ئولتۇرغان كىشى بۇنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن:

- ھەر بىر بېكەتكە بارغاندا پويىزدىن چۈشۈپ بېلەت ئالغىچە ئۆيىڭىزگە بارىدىغان پويىزنىڭ بېلىتىنىلا ئالسىڭىز بولمامدۇ؟ - دەپتۇ.

-يولدا ئۆلۈپ قالسام پۇلۇم ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ- دە، - دەپتۇ كېسەل كىشى.

# قائىدە بىلمەيدىكەن

بىر ياپونىيىلىك چامباشچى نۇرغۇنلىغان چام-باشچىلىق قائىدىلىرىنى ئۆگەنگەن بولسىمۇ ، دائىم باشقىلاردىن تاياق يەپلا يۈرىدىكەن. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى زاڭلىق قىلىپ:

- سەن مۇشتلىششنىڭ شۇنچە جىق قائىدىسىنى ئۆگەنگەن تۇرۇقلۇق دائىم باشقىلاردىن تاياق يەپلا

كېلىۋاتىسەنغۇ؟ دەپتۇ.
-رەقىبىم مەن ئۆگەنگەن قائىدە بويىچە ئۇرماي، ئۆزى بىلگەنچىلا ئۇرۇپ كەتتى.

# ماز سۇئالغا ساز جاۋاپ

بىر كۈنى قەشقەرلىك بىر بوۋاي تۇققان يوقلاپ غۇلجىغا بېرىپ ، تۇققىنىنىڭ ئۆيىنى تاپالماي ، بىر نەچچە ياش باللار يولنىڭ بويىدا پىۋا ئىچىپ ئولتۇرغان يەرگە كېلىپ قاپتۇ . بوۋاي بۇ ياش باللاردىن سوراپ باقاي دەپ ، تۇققىنىنىڭ ئادرىسىنى سورىسا ، بۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرسى بوۋاينى ئەخمەق قىلىش ئۈچۈن :
- سىلى سورىغان جاينى مەن بىلىمەن ، ئەمما دەپ بېرىشتىن ئىلگىرى سىلىدىن بىر تېپپىشماقنى سورايمەن ، دەپ بېرەلىسىلە سىلە سورىغان جايغا ئاپىرىپ قويىمەن ، دەپتۇ .
بوۋاي:
- بولىدۇ سوراڭ ، دەپتۇ.
ياش بالا تېپپىشماقنى باشلاپتۇ :
- ئالدىدا بىر چاقى بار ، كەينىدە ئىككى چاقى

www.uyghurkitap.com

بار ، تۈز يەردە كېتىپ بېرىپلا ئاسمانغا چىقىپ
كېتىدۇ، ئۇ نىمە ؟
بواي :
— ئايرۇپىلان ، دەپتۇ.
— ئايرۇپىلان ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ ،
شۇ نەنىڭ ئايرۇپىلانى ؟ ئامېرىكىنىڭمۇ ، گېرما-
نىيەنىڭمۇ، ياپۇنىيەنىڭمۇ ، جۇڭگونىڭمۇ شۇنى سوراۋا-
تىمەن.
— ئۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن.
— ئۇنداق بولسا يەنە بىرنى سوراي ، ئىككى
تۇمۇر رېلىسنىڭ ئۈستىدە ئۇزۇن بىر نەرسە نۇرغۇن
يۇكنى ئېلىپ ماڭىدۇ ، ئۇنىمە ؟
— پويىزغۇ .
— پويىز ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ ، شۇ
نەنىڭ پويىزى ؟ ئامېرىكىنىڭمۇ ، گېرمانىيەنىڭمۇ ،
ياپۇنىيەنىڭمۇ ، جۇڭگونىڭمۇ ، شۇنى سوراۋاتىمەن.
— ئۇنىڭغا دىققەت قىلماپتىمەن . دەپ بولۇپ
بوۋاي بۇ بالىنىڭ ئۆزىنى كولدىرلىتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ
ئاچچىقى كەپتۇ، — دە ، ياندۇرۇپ ئۇ بالىدىن
سوراپتۇ:
— مەن سەندىن بىر تېپىشماق سوراپ باقاي ،

سەن جاۋاپ بىرەلەمسەن قېنى ؟

ـ سورىسىلا.

ـ سەن بىلەن ماڭا ئوخشاش ئادەم ، چېچىنى ئۆزۈن قويۇۋالىدۇ ، قېشىغا ئانچە مۇنچە ئوسما قويۇۋالىدۇ ، قولىغا خېنە قويىدۇ ، ئۆيدە بولسا تاماق ئېتىدۇ ، كىر قات يۇيىدۇ ، ئۇنىمە ؟

ـ ئايال كىشىغۇ .

ـ ئايال كىشى ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، مەن ئاناڭمۇ ، ئاچاڭمۇ ، سىڭلىڭمۇ شۇنى سوراۋا ـ تىمەن.

# خۇتۇن تاشلىغان سەرەڭگە

بىر جۇپ ئەر خۇتۇننىڭ بۇرۇنقى تورمۇشى ناھايتى باياشات ئۆتىدىكەن. كېيىن ئۇلارنىڭ قولىدا پۇل قالماي غورىبەتچىكتە ئۆتىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى يار بەرمەي توك پۇلىنى تۆلىيەلمىگەچكە بىر كۈنى توك توختاپ كېتىپتۇ ، بۇ چاغدا ئايالى قاراڭغۇدا شامنى ياندۇراي دەپ سە ـ رەڭگە قېپىدىن بىر تال سەرەڭگىنى تېلىنى ئېلىشىغا ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىدىن سەرەڭگە تېلى يەرگە چۈشۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئېرىنىڭ ئىچى ئېچىـ ـشىپ خوتۇنىنى ھەدەپ بىر تەرەپتىن سەرەڭگىنى ياندۇرۇشقا بۇيرۇپتۇ. ئۆزى بىر تەرەپتىن بايا خوتۇنىنىڭ قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن سەرەڭگە تېلىنى ئۆيىنىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىنى قويماي ئاختۇرۇپتۇ. نەتىجىدە ئايالى بىر قاپ سەرەڭگە تېلىنىڭ ھەممىسىنى ياندۇرۇپ بولۇپتۇ ، ئېرى ئاخىرى خوتۇنىنىڭ قولىدىن بايا چۈشۈپ كەتكەن سەرەڭگە تېلىنى تېپىپتۇ.

بۇچاغدا ئەر ئۆزىگە ناھايىتى ئىشەنچ قىلغان تەلەپپۇزدا ئايالىغا تەربىيە بېرىپ دەپتۇ : پەقەت مۇشۇنداق دىققەت قىلىپ ئېنېرگىيەنى ئاز ـ ئازدىن تېجىگەندىلا، ئاندىن تورمۇشىمىز ياخشى بولۇپ كېتىدۇ ، خوتۇن!!!!

# قىزىقارلىق خۇلاسە

جۇڭگولۇق بىر پروفېسسور پاقا توغرۇلۇق ئىلمى ماقالە يازماقچى بولۇپ تۆۋەندىكى تەجرىبىلەرنى ئىشلەپتۇ:

ئەۋۋەل، پاقىنى بىر ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قاتتىق يۇقىرى ئاۋازدا «سەكرە!» دەپتىكەن، پاقا 4

مېتىر يىراقلىققا سەكرەپتۇ ، بۇ چاغدا ئۇ خاتىرىسىگە : «پاقىنىڭ 4 پۇتى بولسا ئەڭ يىراق دىگەندە 4 مېتىر ئارىلىققا سەكرىيەلەيدۇ» دەپ يېزىپتۇ . ئاندىن پاقىنىڭ بىر پۇتىنى ئۈزۈۋېتىپ سەكرىتىپتىكەن ، پاقا 3 مىترگە سەكرەپتۇ . يەنە بىر پۇتىنى كېسىۋەتكەندە 2 مىترگە سەكرەپتۇ ، مۇشۇ بۇيىچە يېزىپ پاقىنىڭ ھەممە پۇتىنى ئۈزۈۋېتىپتۇ . ئاندىن «سەكرە!» دەپ قاتتىق تۇۋلىسىمۇ پاقا سەكرىيەلمەپتۇ.

بۇ چاغدا پروفېسسۇر ئىلمى ماقالىسىگە :

1. پاقا نەچچە تال پۇتى بولسا شونچە مىتىر يىراققا سەكرەلەيدۇ.

2. ھەممە پۇتىنى كېسىپ ئېلىۋەتسەك پاقا سەكرىيەلمەيدۇ.

3. بۇنىڭدىن پاقىنىڭ ئاۋاز ئاڭلايدىغان قۇ-لىقىنىڭ پۇتىدا ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈشكە بولىدۇ.

# تاماق يېمەيدىغان ئوقۇتقۇچى

پىخسىقلىقتا ئۇچىغا چىققان ئۆتە ماز گېرى بولۇپ كەتكەن بىر ئەر ئائىلە ئوقۇتقۇچىسى تەكلىپ قىلماقچى بولۇپتۇ، لىكىن ، ئۆيگە كەلگەندە دەرسلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۆتىدۇ، ئۆيىمىزدىكى تاماق ياكى ئىچىملىكلەرنى يەپ ئىچسە بولمايدۇ، دىگەن شەرتى بار ئىكەن.
بىر ئاغىنىسى دەپتۇ : مەن شۇنداق بىر ئائىلە ئۇقۇتقۇچىسنى تونۇيمەن ، ئۇ دائىم شامال يەپ بوران كېكىرىپ يۈرۈيدۇ.
گېرى ئەر بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ ھەم ئاشۇ «شامال يەپ بوران كېكىرىدىغان» بۇ ئادەمنى ئائىلە ئۇقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلماقچى بولۇپ ئايالىغا دەپتۇ . ئايالى تورۇپ كېتىپ : «ۋاي، ياق بولمايدۇ ، ئەگەر ئۇ ئۆيىمىزگە كەلگەندە شامال چىقماي بوران چىقىپ قالسا ئۇنىڭغا نىمە بىرىپ باقىمىز ؟»

# ھاۋارايىغا بېرىپ ئىشلىسۇن

دادا قاقشاپ :« ئوغلۇم بەك يارىماس چوڭ بولدى ، كاللا دىسە پاقالچاق دەپ يۈرۈيدۇ ، يەنە كېلىپ دائىم يالغان سۆزلەيدۇ ھەم ئىشەنچىسىز چىقىپ قالدى ، بۇنداق ئادەملەرگە ھازىر جەمىيەتتە قانـ ـداق كەسىپ ماس كېلەركىن تاڭ ؟

قوشنىسى كۆلۈپ كېتىپ : «بۇ ئاسانكەنغۇ! ھاۋارايى ئىستانىسغا بېرىپ ئىشلىسۇن».

# ئاياپ ئىشلىتىش

ئا : سىزنىڭ يەلپۈگۈچىڭىز نىمىدىگەن پۇختا ؟ يىگىرمە يىل ئىشلەتسىڭىزمۇ يېڭى تۇرۇپتۇ.

ب : ناھايىتى ئاسراپ ئىشلىتىۋاتىمەن، شامالـ ـدىماقچى بولسام، يەلپۈگۈچنى ئەمەس بېشىمنى لىڭشىتىمەن.

# زۇڭتۇڭ بولغاندىن كېيىن

بىر نېگىر ئۆزىنىڭ ئامېرىكا زۇڭتۇڭ سايلىمىغا قاتنىشىدىغانلىغىنى ئېيتىپتۇ. ئاغىنىسىنىڭ كۆلگىسى كەلسىمۇ ئۇزىنى تۇتۇۋېلىپ سوراپتۇ:

ـ سەن زۇڭتۇڭ بولغاندىن كىيىن بىرىنجى بولۇپ نىمە ئېش قىلماقچى؟

ـ ئاق سارايىنى قارا سارايغا ئۆزگەرتمەكچىمەن...

# يالغانچىنىڭ قۇيرىغى بىر تۇتام

ئەپەندىم ئىمامەتچىلىك قىلىۋاتقان مەسچىتكە يېپ - يېڭى گىلەم سېلىنغانىكەن، يىراق - يېقىنغا داڭقى كەتكەن بىر قىمارۋاز ئۆيىدىكى پۇل - پۈچەك ۋە مال - مۈلكىنى ئۇتتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن تەپ تارتـ-ـماستىن مەسچىتتىكى گىلەملەرنى ئوغرىلاپ ئۆيىگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئەپەندىم بۇ ئىشنى ئۇقۇپ بىر كۈنى ئەتىگەن جامائەتنى باشلاپ ھېلىقى قىمارۋازنىڭ قورۇسىغا بېرىپتۇ. بۇ جامائەتنى كۆرۈپ ھودۇقۇپ كەتكەن قىمارۋاز ئەپەندىمدىن:

- ئىمام ئاخۇنۇم، بامدات نامازنى مەسچىتتە ئوقۇماي بۇ يەرگە كىرگەنلىرىڭىزگە قارىغاندا، يېڭىلىپ قالدىلىمۇ، نېمە؟ - دەپ سوراپتۇ.

- يوقسۇ، - دەپتۇ ئەپەندىم قىمارۋازغا چۈشەندۈرۈپ، - تۈنۈگۈن قورۇيىڭىز ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، قورۇيىڭىزغا قارىسام، ساپلا مەسچىتنىڭ گىلەملىرى سېلىغلىق تۇرىدۇ، شۇنىڭغا قاراپ مەسچىت سىزنىڭ قورۇيىڭىزغا يۆتكىلىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپتىمەن.

قىمارۋاز بۇنى ئاڭلاپ ئۆپكىدەك قىزىرىپ كېتىپتۇ.

# بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش

ئايرۇپىلان كۈتكۈچىسى يولۇچىلار چۈشۈرۈپ قويغان بىر گۇمانلىق قۇتىنى ئامانلىق قۇغدىغۇچى ساقچىلارغا تاپشۇرۇپ بەردى . ساقچى قۇتىنى ئېچىپ تىلنى تەككۈزۈپ تېتىپ بېقىپ ، بۇراپ بېقىپ :« ھەي مەنمۇ نىمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم ، ئىشقىلىپ ئاق تاماكا ئەمەستەك قىلىدۇ جۇمۇ ، ياكى قەن شىكەرگىمۇ ئوخشىمايدىغان ئۇندەك نەرسىكەن بۇ ؟ دەپ، ساقچىلار نىمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي ھەرخىل گۇمانلارنى قىلىپ تۇرسا ، يىراقتىن بىر قېرى خانىم ھۇدۇققىنىچە كېلىپ : «ساقچى ئەپەندىم، مەن بايا ئېرىمنىڭ جەسەت كۈلىنى يۈتتۈرۈپ قويدۇم» دېگۈدەك!!!!

# ئاز گەپ قىلىڭ

توشقان بىلەن تاشپاقىنىڭ مۇسابىقىسى باشلى-
-نىپتۇ ، مۇسابىقە باشلىنىشى بىلەن توشقان خېلىلا ئۇزاپ كىتىپتۇ ، تاشپاقا ئۆز مېڭىشىدا مىسلىداپ كىتىۋاتسا ، ئېغىر قېپىنى يۈدۈپ ئاران كىتىۋاتقان قۇلۇلىنى كۆرۈپ ئىچى ئاغرىپ دۈمبىسىگە مىندۈ-

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

رىۋاپتۇ. ماگە ـ ماڭ بىر يەرگە كەلسە بىر چوْمۆلە كېتىۋاتقان ، ئۇنىمۇ ئېلىۋاپتۇ . چوْمۆلە تاشپاقىنىڭ دۈمبىسىدە قۇلۇلنى كۆرۈپ «ياخشىمۇ سىز» دىيىشىگە قۇلۇلە قوپۇپ ئاز گەپ قىلىڭ» دەپتۇ.

# ئۆيلىغاننى قىلمىساق بولمايدۇ

شىركەت خوْجايىنى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئاكتىپچانلىقىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۇلارنى يىغىپ يىغىن ئېچىپ، دەپتۇ :

بۈندىن كېيىن شىركەتتە «ئۆيلىغاننى چوْقۇم قىلىش كېرەك» دىگەن شۇئار ئاستىدا ئىشلەيمىز ، ھەمدە « ئۆيلىغاننى چوْقۇم قىلىش كېرەك ، دىگەن بۇ خەتنى ۋىۋىسكا قىلىپ شىركەتنىڭ تاملىرىغا چاپلايمىز»

ئۇزاق ئۆتمەي خوْجايىننىڭ بىر دوستى ئۇنىڭدىن سوراپ قاپتۇ:

ئالدىنقى قېتىم «ئۆيلىغاننى چوْقۇم قىلىش كېرەك» دەپ شۇئار چاپلاپتىكەنسىز ، ئىش ئۈنۈمى ئېشىپ خېلى پايدا ئالغانسىز، ـ ھە!

خوجايىن قاپاقلىرنى ساڭگىلتىپ : «بۇ شۇئارنى چىقارغاندىن كېيىن ، كاسسىر شىركەتنىڭ 100

ملك يۈەن پۇلنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى ، ئىشخانا مودىرى قىز دوستۇم بىلەن ئاشنا ئويناپ قېچىپ كەتتى، شىركەتتىكى ئىشچى خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى مۇئاشىمىزنى ئىككى ھەسسە ئۆستۈرۈپ بەرسۇن، دەپ غەلۋە قىلىۋاتىدۇ دەيمەن ، ئەستا!

# تاماق بۇيرۇتۇش

ئۇيغۇرچىنى پەقەتلا چۈشەنمەيدىغان بىر خەنزۇ ئۇيغۇر ئاشخانىسىغا كىرىپتۇ . كۈتكۈچى تاماق تىزىملىك دەپتىرىنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ نىمە يەيدىغانلىغىنى سوراپتۇ.

ئۇ ئۇيغۇرچىنى بىلمىگەچكە تاماق تىزىملىگىدىكى خالىغان بىر خەتنى كۆرسىتىپلا مۇشۇنى يەيمەن، دەپتۇ.

كۈتكۈچى ئۇ كۆرسەتكەن خەتكە قاراپ : «بۇ دىگەن بىزنىڭ دوكاننىڭ ئىسمى تورسا»!

# دىرىكتورنىڭ بىلىق بېقىشى

بىر شىركەتنىڭ دىرىكتۇرى ئىشخانىسىغا يۇغان بىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بېلىق باقىدىغان بېلىق قاچىسى ئېلىپ ئىچىدە 100 نەچچە تال ئالتۇن بېلىق بېقىپتۇ.
بىر مۇخبىر دىرېكتورنى زىيارەت قىلغىلى كېلىپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ : «بېلىق بېقىپسىز ، بېلىقلىرىڭىز چىرايلىقكەن . لېكىن ئۇلار سىز خىزمەت قىلىۋاتقاندا دىققىتىڭىزنى چېچىۋەتمەمدۇ ؟»
دىرېكتور : « دەل ئۇنىڭ ئەكسىچە ، بۇ يەردە بارچۇ ، ئاغزىنى ئېچىپلا مەندىن پۇل سورىمايدىغان پەقەت شۇ بېلىقلا قالدى».

# تېخىمۇ ئاچچىغى كەلمەمدۇ؟

ئۆي خىزمەتچىسى خوجايىن ئايالغا دەرت ئېيتىپ كېتىپتۇ:
- بايا، ئېرىڭىزدىن تېلېفون كەپتۇ، ئۇ : «مەن كاماندىروپكىدا يۈرگەن ۋاقتىمدا بىر ئەر بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ - چىقىپ يۈرۈپتۇ، ئۇ كىمدۇ دەيدۇ.
خوجايىن ئايال ئىشىنىڭ چاتاقلىقىنى بىلىپ خىزمەتچى قىزغا يالۋۇرۇپتۇ:
_جېنىم سىڭلىم، كىرىپ - چىقىپ يۈرگەن ئۇ ئەر مېنىڭ تونۇشۇم دەپ قويسىڭىز بوپتىكەن.

ـ ئۇنداق دىسەم خوجايىنىنىڭ تېخىمۇ ئاچچىغى كەلمەمدۇ، ـ دەپتۇ قىز قاپاقلىرىنى سۈزۈپ.

# سىز مېنى تونۇمسىز

مەلۇم شىركەت ئۇيۇشتۇرغان كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىگىدە شىركەتنىڭ بىر خادىمى كېچىلىككە قاتناشقان چىرايلىق بىر ئايال بىلەن تانسا ئويناپتۇ.

ئايال ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

دېرىكتورىڭلار قانداقراق؟

خادىم: دېرىكتورىمىز ئىلگىرى ـ كېيىن ئىقتىدار ـ سىز ئادەم، ئۇنىڭ ئايالىمۇ دۇرۇس ئايال ئەمەس.

ئايال: سىز مېنىڭ كىملىگىمنى بىلەمسىز ؟

خادىم: بىلمەيدىكەنمەن.

ئايال: مەن دېرىكتورىڭلارنىڭ ئايالى.

خادىم: نېمە ؟ سىز مېنىڭ كىملىگىمنى بىلەم ـ ـسىز؟

ئايال: بىلمەيدىكەنمەن.

خادىم : «خۇداغا شۈكرى» دېگىنىچە مەيداندىن يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپتۇ.

www.uyghurkitap.com

# ماشىننى يانداش

تۆگگە مىنىپ قۇملۇقتىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سودىگەر ئاق كۆڭۈل بىر شوپۇرغا ئۇچراپ قاپتۇ. شوپۇر سودىگەرنى ماشىنىسىغا ئېلىۋالماقچى بولۇپتۇ، سودى- -گەرمۇ بۇ تەكلىپكە قوشۇلۇپتۇ، ئۇلار ماشىنىغا ئورۇنلىشىپتۇ، بىراق تۆگىنى قانداق جايلاشتۇرۇشنى بىلەلمەي نائىلاج ماشىنىنىڭ كەينىگە چېتىپ يولغا چىقىپتۇ.

ماشىنىنىڭ سۈرئىتى سائىتىگە كىلومېتىرغا يەتكەندە شوپۇر سودىگەردىن سوراپتۇ:

- تۆگىڭىز يېتىشىپ مېڭىۋاتقاندۇ ـ ھە؟

- چاتاق يوق دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سودىگەر، ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ماشىنىنىڭ سۈرئىتى كىلومېتىرغا يەتكەندە، شوپۇر بىر ئاز ئەنسىرىگەن ھالدا سودىگەر- دىن سوراپتۇ:

- تۆگىڭىزگە بىرەر ئىش بولۇپ قالماس ـ ھە؟

- چاتاق يوق دەپتۇ سودىگەر . ئۇلار يولنى يەنە داۋاملاشتۇرۇپتۇ. بىردەمدىن كېيىن ماشىنىنىڭ سۈرئىتى كىلومېتىرغا يېتىپتۇ، بۇ چاغدا شوپۇر بەكلا ئەنسىرەپ سودىگەردىن سوراپتۇ:

ـ تۆگىڭىزگە راستىنلا زىيان ـ زەخمەت يەتمەمدۇ؟ قارىسام تۆگىڭىز تىلىنى ساڭگىلىتىۋاپتۇ.
ـ تۆگەم تىلىنى ئوڭ تەرەپكە ساڭگىلىتىۋاپتۇمۇ ياكى سول تەرەپكىمۇ؟
ـ سول تەرەپكە ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ شوپۇر.
ـ ئۇنداق بولسا ماشىنىڭىزنى دەرھال ئوڭ تەرەپكىرەك ھەيدەڭ، تۆگە ماشىنىنى سول تەرەپتىن ياندىغۇدەك

# يامغۇر ئۆتمەسلىك

بىر قىز ماگىزىنىدىن بۆك تاللاۋېتىپ:
ـ توشقان تېرىسىدىن تىكىلگەن بۇ ئاق بۆكنى ياقتۇرۇپ قالدىم، ئۇنىڭدىن يامغۇر ئۆتەمدۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ مال ساتقۇچىدىن.
ـ ئەلۋەتتە يامغۇر ئۆتمەيدۇ،سىز توشقانىنىڭ كۈنلۈك كۆتۈرۈۋالغانلىغىنى كۆرگەنمۇ؟ ـ دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ مال ساتقۇچى.

# يېڭى دۇكان

قەشقەردىكى بىر ئاشخانىغا چەتئەلدە ئۇقۇپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگەن بىر ئۇيغۇر ئاسپىرانت تاماق يېگىلى كىرىپتۇ . بۇ ئۇيغۇر بالا چەتئەلدە ئۇزاق تۇرۇپ كەتتىمۇ قانداق ، تاماقنى بۇيرۇپ قويۇپ ئالدىغا ئۇزۇنلىغى بىر مېتىر كېلىدىغان ئاق رەخلىك شالداما ئېسىۋې-ـلىپ كىرىلىپ تاماقنىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ .

ئاشخانا خوجايىنىنىڭ مىللىي غۇرۇرى سەل كۈچلۈك ئادەمكەن ، ئاچچىغى كېلىپ شاگىرتتىن بىرنى چاقىرتىپ، ئۇ مېھمانغا دەپ ئۇزۇن شالدامىسىنى سەتلەشتۈرمەي ئېلىۋېتىشنى تاپىلاپتۇ .

ئاۋۇ شاگىرتمۇ قىزىقكەن . ئۇ ئاستا ھېلىقى شالدامىلىق مېھماننىڭ قېشىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن : « ئاكا ! ساقال ئالدۇرامسىز ياكى چاچ ياستامسىز ؟ » دەپتۇ .

# سائەت دۇكىنى

ئاۋات بىر يول ئېغىزىغا يېڭىدىن بىر دۇكان ئېچىلىپتۇ ، لېكىن دۇكاننىڭ يا ۋىۋىسكىسى يا قىلىدىغان ئىشى ئەسكەرتىلمىگەچكە، كىشىلەر ئانچە ئاڭقىرالماي قالىدىكەن ، لېكىن بۇ دۇكاننىڭ دېرىزى-ـسىگە يوغان بىر قەدىمى ئاسارە ئەتىقە شەكلىدىكى

سائەتنىڭ نۇسخىسى چۈشۈرۈلگەن پەردە ئېسىغلىقكەن. شۇڭا دەمالىققا كىشلەر سىرتتىن قارىغاندا بۇ يېڭى سائەت دوكىنى ئوخشايدۇ، دەپ قالىدىكەن.

بىركۈنى بىر خېرىدار دۇكانغا كىرىپ دۇكانداردىن سائەتنى ئوڭشاپ بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ.

دۇكاندار : «يىگىت بىز سائەت رىمونت قىلمايمىز. قاراڭ ! بىز ئالدىمىزدىكى دوختۇرخانىنىڭ تارماق دوختۇرخانىسى، مەخسۇس مەقەت (سەتـ ـلەشتۈرۈپ دېسەك قوڭ كېسەللىگى) ئوپېراتسىيىسى قىلىمىز» دەپتۇ.

يىگىت ئاچچىغلاپ : «بۇ سائەت رىمۇنت قىلىدىغان دۇكان بولمىغاندىكىن ، نىمىشقا دۇكـ ـىنىڭلارنىڭ سىرتقا قارايدىغان دېرىزىسىگە سائەتنىڭ رەسمى بار پەردە ئاستىڭلار، دەپتۇ.

دوكاندارنىڭ قايىغى تۇتۇلۇپ : « ئەپەندىم ، دېرىزىگە پەردە ئاسماي نىمە ئاسسام بولار! قوڭنىما ؟» دەپتۇ

# ئېتىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ

بىر قانچە ئاغىنىلەر بىللە هاراق ئىچىپ ئولتۇـ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

رۈپ،كەيپى توشقاندا غەيۋەتكە چۈشۈپ قاپتۇ.ئارىدىن بىرسى قوپۇپ:

ئاغىنىلەر ، مۇشۇ ھۆكىمەتمۇ قىزىقكەن ، قىسقا يوپكا كىيگەن ئاياللارنى سولىۋەتسە بولىدۇ ، ـ دەپتۇ.

مەنچە بولسا، ـ دەپتۇ يەنە بىرسى، ـ ئاتمىش سانتا كىيگەنلەرنى ئون بەش يىلدىن يىگىرمە يىلغىچە كېسىپلاۋەتسە.

ـ بۇ دىگىنىڭمۇ توغرا دەپتۇ يانا بىرسى. ـ قىرىق سانتا كىيگەنلارنى ئۆمۈرلۈك قاماق جازاسىغا بۇيرىۋەتسە.

شۇ ئارىدا بىرسى بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ مىچىلداپ يىغلاپ كىتىپتۇ.

ـ نىمە بولدۇڭ ئادىشوي، ـ دەپ سوراپتۇ ئالدىنقىسى.

ـ سىلەر دىگەندەك بولسا، دەپتۇ ئاغىنىسى چۈشەندۈرۈپ، بىزنىڭ خوتۇن گەپ ـ سۆز يوق ئېتىلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

# تۇتۇلۇش سەۋەبى

ھەي سەن نىمە سەۋەپتىن تۇتۇلۇپ كېلىندىڭ؟

قاتتىق بىرنى چۈشكۈر گەنلىگىم ئۈچۈن .
ـ بۇ قانداق مۇمكىن بولسۇن؟
ـ يېرىم كېچىدە ئاسارە ـ ئەتىقلەر سارىيىغا چۈشكەن ، تۇيۇقسىز بىرنى چۈشكۈرۈپ سالدىم، شۇنىڭ بىلەن پوس ئويغىنىپ كىتىپ تۇتىۋالدى.

# ئاچاڭنىڭ قېشىغا

پاراشوتچىلارنىڭ سەكرەش مەشقىدە بىر ئەسكەر زادىلا سەكرىگىلى ئۇنىماپتۇ . مەشقاۋۇل «نىمىشقا سەكرىمەيسەن» دىسە ، ئۇ ـ : مەشقاۋۇل ! ئۆتكەندە ئاچام پاراشوتتا سەكرەپ ، پاراشوتتىن چاتاق چىقىپ ئۆلۈپ كەتكەن . مىنىڭمۇ كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىدۇ ، چاتاق چىقارمىكى دەيمەن.
%100ئىشەنچىلىك دەپ ساتقان تۇرسا ، تولا گەپ قىلماي سەكرە!
ئەسكەر يەنىلا سەكرىگىلى ئۇنىماپتۇ. ئاخىرى مەشقاۋۇل ئەسكەر بىلەن پاراشوتىنى ئالماشتۇرۇپتۇ . ئەسكەر سەكرەپ يېرىمىغا كەلگەندە ، بىر نەرسىنىڭ يېنىدىن غۇيۇلداپ ئۆتكەنلىگىنى كۆرۈپتۇ.
ـ مەشقاۋۇل نەگە ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـ ئاچاڭنىڭ قېشىغا!..

# سۆرۈشتە قىلمايدىغان بولدى

ئەر ـ ئايال ئىككەيلەن ئاشنا توغرۇلۇق گەپ قىلىشىپ قاپتۇ. ئايال ئەرىدىن تۇيۇقسىز سوراپتۇ :
سۆيۈملۈگۈم، كۆڭلەرنىڭ بىرىدە سىرتتا بىرەسى بىلەن ئارىلىشىپ قالسام قانداق قىلاسىز؟
سىزنى ھەرگىز كەچۈرمەيمەن! ـ دەپتۇ ئەر كەسكىن جاۋاپ بىرىپ،ئارقىدىنلا ئەر سوراپتۇ:
ـ ئەگەر مەن شۇنداق قىلىپ قالسا سەن قانداق قىلىسەن؟
ئايال بىر پەس ئويلىنىۋىلىپ:
ـ بۇ ئىنسانچىلىقتا بولۇپ قالىدىغان ئىش، سىزنى كەچۈرۈۋېتىمەن، ھېچنىمنى سۆرۈشتۈرمەيمەن، دەپتۇ.
ئەر ئايالىنىڭ گىپى تۈگە ـ تۈگمەيلا ھاياجان بىلەن كارۋات ئاستىغا قاراپ ۋاقىراپتۇ: ـ بۇياققا تېز چىقىڭ ئومىغىم ، ئۇ ھېچنىمنى سۆرۈشتە قىلمايىغان بولدى. بىز ئازاتلىققا چىقتۇق!

# كالا يىللىق

مەلۇم بىر ئەمەلدارنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بوپتۇ ، ئۇ چاشقان يىللىق بولغاچقا قول ئاستىدىكىلىرى ئۇنىڭغا بىر دانە ئالتۇن چاشقان سوۋغا قىپتۇ . ھېلىقى ئەمەلدار ناھايىتى خۇشال بولغان ھالدا :

سىلەر بىلەمسىلەر ، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن مېنىڭ ئايالىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنى بولىدۇ ، ئۇ كالا يىللىق ...

# ھېچنىمە

قەيسەرجان مىسران دېگەن بېخىل بىلەن بىرگە سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار چۈشلۈكتە قەيسەرجاننىڭ نېنى ۋە پىشۇرۇلغان تۇخۇمى بىلەن قورساق تويغۇزۇپتۇ . كەچتە بولسا مىسران بىر ئېرىق بويىغا كېلىپ قەيسەرجاندىن ئوغۇرلۇقچە ئۇكۆزىنىڭ پۇشۇرغان گۆشنى يېيىشكە باشلاپتۇ. قەيسەرجان تۇيۇقسىز ئۇنىڭ ئۈستىگە بېرىپ قېلىپ سوراپتۇ:

مىسران بۇرادەر، يەۋاتقىنىڭىز نېمە؟

ھېچنىمە ،دەپتۇ مىسران يەۋاتقان گۆشنى دەررو تىقىشتۇرۇپ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـ ھېچنىمىڭىزنى چىقىرىڭە،شۇنى بولسىمۇ تەڭ يەيلى.

# خۇتۇندىن كەلگەن تېلىفون

بىر ئەر تويى قىلغاندىن كېيىنمۇ كونا ئادىتىنى تاشلىماي، پۇرسەت بولسىلا سىرتتا كۆڭۈل خوشى قىلىپ يۈرىدىكەن. بىر كۈنى، ئۇ ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرۇپ مەسلىكتىن خۇدىنى يوقىتىپتۇ. ئاغىنىلىرى ئۇنى ئۆيىگە ئەكىلىپ خوتۇنىغا تاپشۇرۇپ بېرىپتۇ. ئەمما ئەتىسى سەھەردە ئاغىنىلىرى ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ ئۇنىڭغا تېلىفون قىلىپتۇ. ئۇ تېلىفوننىڭ جىرىڭلىشىدىن ئويغىنىپ تېلىفوننى ئاپتۇ ـ دە ، يېنىدا ياتقان خوتۇننى نۇقۇپ ئويغىتىپ پىچىرلاپتۇ :
ـ شۇ....ئاۋازىڭنى چىقارما ، خوتۇنۇمدىن تېلىفون كېلىپ قالدى...

# باھانى چۈشۈرسىڭىز

جەنۇپقا دەم ئېلىشقا كەلگەن ئادەم مېھمانخانا خوجايىنىغا يالۋۇرۇپ دەپتۇ:

ـ ياتاقنىڭ ئىجارە ھەققىنى ئازراق چۈشۈرسە ـ ـڭىزچۇ؟

ـ يوقسۇ، قاراڭ، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان دېڭىز مەنزىرىسى نېمىدېگەن پەيزى، چۈشۈرۈشكە زادى بولمايدۇ.

ـ بولۇپ قالار، دېرىزىدىن ئۇ تەرەپكە ھەرگىز قارىمايمەن دەپ ۋەدە بېرەي.

# كالىلسى ئاجايىپ ئىشلەيدىغان بالا

بىر كۈنى ئوقۇتقۇچى بىر ئوقۇغۇچىنى سىناپ باقماقچى بولۇپ سورىدى:

ـ دەرەختە ئون قۇش بولسا ، تاپانچا بىلەن بىرنى ئېتىۋەتسە قانچىسى قالىدۇ ؟

ئوقۇغۇچى ياندۇرۇپ سورىدى:

ـ ئاۋازسىز تاپانچا بىلەنمۇ ؟

ـ ياق.

ـ ئوق ئاۋازى قانچىلىك ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـ دېتسىبىل ئەتراپىدا.
ـ دېمەك ئۇق ئاۋازى خېلى كۈچلۈك ئىكەن.
ـ بۇ شەھەردە قۇشلارنى ئېتىش قانۇنغا خىلاپمۇ ؟
ـ خىلاپ ئەمەس.
ـ ئۇ قۇش ئوق ئۆتمەس كىيىم كېيىۋالغانمىكەن ؟
ـ ياق.
ـ ئۇ قۇشنىڭ راستىنلا ئۆلگەنلىگىگە قەسەم قىلالامسىز ؟
ـ ھەئە . قانچە قۇش قالغانلىغىنى ئېيتىپ بەرگىن بولامدۇ ؟
ـ بولىدۇ ، دەرەختە گاس قۇشلاردىن بارمىكەن ؟
ـ يوق.
ـ قەپەسكە سولانغانلىرىدىنچۇ ؟
ـ يوق.
ـ مېيىپ ياكى ئاچلىقتىن ئۇچالمايدىغان قۇش بارمۇ ؟
ـ يوق.
ـ تۇخۇمنىڭ ئىچىدىكىسى ھېساپمۇ ؟ ـ ھېساب ئەمەس.

ئوقۇتقۇچى تەرگە چۆمۈلدى ، قوڭغىراق چېلىندى. ئەمما ئوقۇغۇچى سۆزىنى داۋام قىلدى:

ـ قۇشلارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈمدىن قورقمايدىغانلىرى بارمىكەن ؟

ـ ھەممىسى ئۆلۈمدىن قورقىدىكەن.

ـ بىر تال ئوق بىلەن ئىككى قۇشنى ئۆلتۈرگىلى بولامدۇ ؟

ـ بولمايدۇ ، بولمايدۇ.

ـ ئەگەر سىزنىڭ سۇئالىڭىز ئادەمنى ئالدىمىسىلا ، ـ دېدى ئوقۇغۇچى چوڭقۇر ئىشەنچ بىلەن ، ـ ئۆلگەن قۇش دەرەخكە ئېسىلىپ قېلىپ پەسكە چۈشمىسە بىرسىلا قالىدۇ ، پەسكە چۈشۈپ كەتسە بىرسىمۇ قالمايدۇ .

ئوقۇتقۇچى يىقىلىپ چۈشتى .

# مېنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈڭ

باغچىدا كىچىك قىز دادىسىغا دەپتۇ : دادا مېنى قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ ئېلىپ ماڭسىڭىزچۇ!

دادىسى : « قىزىم سىز ھازىر 5 ياشقا كىردىڭىز، ئەمدى چوڭ بولدىڭىز ، نىمانداق يارامسىز بولۇپ قالغانسىز دەيمەن ».

بۇ چاغدا قىز دادىسىغا بارمىغى بىلەن دەرەخ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

سايىسى ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا مۆھەببەتلىشىپ ئولتۇرغان بىر جۈپ قىز - يىگىتنى كۆرستىپ تۇرۇپ : «ئاۋۇ ئاچاش شۇنچە چوڭ تۇرسىمۇ ئاۋۇ تاغاش ئۇنى قۇچاقلىۋاپتىغۇ ، مىنى نىمىشقا قۇچاقلاپ كۆتۈرۈۋال- -سىڭىز بولمىغىدەك » دەپتۇ.

دادىسى : «ھە . . . . . ! »

# تەڭداشسىز شائىر

ئەمدىلا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بىرىنچى يىل- -لىغىغا كىرگەن رەيھانگۈل مەكتەپتىن قايتىپ كىلىپ دادىسىغا دەپتۇ : «دادا ، دادا ! مەن شائىر بولۇپ كەتتىم .»

دادىسى خۇشال بولۇپ : ھە قىزىم ياخشى ، ئۇنداقتا ماڭا ئۆزەڭ يازغان شېئىردىن ئۇقۇپ بەر، مەن ئاڭلاپ باقاي!

رەيھانگۈل :

«ئۆيىمىزنىڭ ئالدىدا 1 تۈپ شاپتۇل بار،

قۇلامنى چىقىرىپ ساناپ باقسام ئەسلىدە 2 تۈپ شاپتۇل بار ئىكەن، لالا لالا . . .

## خەت كېلىشتىن قورقۇش

**A** : مەن ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوغلۇمدىن خەت كېلىشتىن قورقىمەن.

**B**:نېمىشقا؟

**A** : خېتىنى ئوقۇيالماي ئاۋارە بولۇپ كېتىدىكەنمەن.

**B**: ئەھۋالىڭ ھەرھالدا مېنىڭكىدىن ياخشىكەن، مەن ئوغلۇمدىن خەت كەلسە پۇل تاپالماي ئاۋارە بولۇپ كېتىمەن.

## ھېسداشلىق قىلىش

دادىسى ناھايىتى تەسىرلىك قىلىپ 5 ياشقا كىرگەن قىزىغا ئۆزىنىڭ كىچىك ۋاقتىدا ناھايىتى نامرات ئۆتكەنلىكىنى، تۇرمۇشتا شۇنداق جاپا تارتقانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

قىزى دادىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ تەسىرلىنىپ كۆز ياش قىلىپتۇ ھەم دادىسىغا ھېسداشلىق قىلىپ مۇنداق دەپتۇ : ھە ! ئەمدى بىلدىم ! دادا ئەسلىدە سىز شۇ چاغدا يەيدىغانغا تاماق تاپالماي قورسىقىڭىز ئاچ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئاندىن بىزنىڭ ئۆيگە ئامالسىزلىقتىن كەپتىـ
ـكەنسىز ، ـ ھە!

## داۋاملىق تىرىشىڭ

نيۇيوركتىكى مەلۇم بانكىنىڭ ئالدىدىكى مايـ
ـلامچىغا بانكىر مۇنداق دەپتۇ:
ـ داۋاملىق تىرىشىڭ، مەنمۇ ئەسلى مايلامچى ئىدىم، ئامېرىكا دېگەن مانا مۇشۇنداق.
ـ راست، ئامېرىكا دېگەن شۇنداق ئىكەن، دەپتۇ مايلامچى، ـ ئەسلى مەنمۇ بىر بانكىر ئىدىم، مانا ئەمدى مايلامچى بولۇپ قالدىم.

## قايسى تەرەپتە تۇرىسەن

بىر جۈپ ئەر خوتۇن دائىم ئۇرۇشۇپ سوقۇشۇپ يۈرۈيدىكەن.
بىر كۈنى ئانىسى 5 ياشلىق كىچىك بالىسىدىن سوراپتۇ:
بالام ، داداڭ بىلەن ئاپاڭ ئۇرۇشۇپ قالسا سەن قايسى تەرەپتە تۇرىسەن ؟

بالا بېشنى قاشلاپ ئويلاپ تۇرۇپ كېـ ـ ـتىپ : ھەر قېتىم شۇ يان تەرىپىڭلاردا تۇرىۋاتىمەنغۇ!

# باش ئاغرىش

بىر ئايال دوختۇرغا كۆرۈنۈپ: بېشىم دائىم ئاغرىيدۇ، ـ دېگەنىكەن، دوختۇر ئۇنىڭغا ـ :

ـ ئەرگە تېگىڭ ـ دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. ئارىدىن بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن دوختۇر تۇيۇقسىز بۇ ئايالغا ئۇچراپ قاپتۇ.

ـ ھە ،قانداق، ئەرگە تەگدىڭىزمۇ؟

ـ رەھمەت ، تەگدىم.

ـ بېشىڭىز ھازىرمۇ ئاغرىمدۇ؟

ـ ياق، ئاغرىمايدۇ، لېكىن ئېرىمنىڭ بېشى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالدى.

# كەچۈرگىن، ئاكا

دادا، مەن بۈگۈنكى ئىمتىھاندا 60 نومۇر ئالدىم، ـ دېدى ئوغلى دىر ـ دىر تىترىگىنىچە ئۆيگە قايتىپ كېلىپ دادىسىغا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـ كېيىنكى قېتىمقى ئىمتىھاندا ئەگەر تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قالساڭ، مېنى «دادا» دەپ چاقىرغۇچى بولما! ـ دېدى دادىسى ئاچچىقلاپ.

ـ كەچۈرگىن، ئاكا، ـ دېدى ئەتىسى ئوغلى مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ.

# بۋاپا خوتۇن

پولكوۋنىك بوسىر ئۆيگە كىرىپ خوتۇنى ئاننانىڭ ئاشنىسى شىم بىلەن بىللە ياتقىنىنى كۆرۈپ، شىمنى تىللاپ ئۆيدىن چىق دەپ قوغلاپتۇ. شىممۇ بوش كەلمەي ئۇنىڭغا يېنىپ:

ـ سەن كۆزىمىزدىن يوقال ئاننا سېنى ئەمەس، مېنى ياخشى كۆرىدۇ، ـ دەپتۇ.

ئىككىسى خېلى جاڭجاللاشقاندىن كېيىن شىم دەپتۇ:

ـ ئىككىمىز دۇئېلغا چىقايلى، كىم يەڭسە، ئاننا شۇنىڭ بولسۇن.

بوسىر ماقۇل بولۇپ غەزەپ بىلەن تاپانچىسىنى قولىغا ئاپتىكەن، شىم ئۇنىڭ قۇلىغىغا پىچىرلاپ:

ـ ئىككىمىز چوڭ ئۆيگە چىقىپ تورۇسقا ئىككى

پاي ئوق ئاتايلى ــ دە، ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋالايلى، ئاننا قايسىمىزنىڭ يېنىغا بالدۇر بارسا شۇنىڭ بولسۇن، ــ دەپتۇ.

ئۇلار ۋەدىسى بويىچە «پاڭ، پاڭ» قىلىپ ئىككى پاي ئوق چىقىرىپلا ئۆلگەن بولۇپ يېتىۋاپتۇ. ئاننا ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىرىپ ئىككىسىنىڭ ياتقىنىنى كۆرۈپ، كىيىم ئىشكاۋى تەرەپكە يۈگۈرگىنىچە توۋلاپتۇ:

ــ ئەزىزىم، تېز چىقىڭ، ئىككىلىسى ئۆلۈپتۇ.

# كەينىچە مېڭىش

ئوقۇغۇچى دەرسكە كېچىكىپ قاپتۇ، مۇئەللىم سەۋەبىنى سوراپتۇ.

بۈگۈن يول بەك تېيىلغاق بولۇپ كېتىپتۇ. ئالدىمغا بىر قەدەم ماڭسام، كەينىمگە ئىككى قەدەم چېكىنىپ كەتتىم .

ئەگەر دېگىنىڭدەك بولسا، مەكتەپتىن يىراقلاپ كەتكەن بولمامسەن؟

كېيىن ئامال تاپتىم، مەكتەپكە كەينىمچە مېڭىپ كەلدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئۆيۈمدىن بىزار بولدۇم

بىر ئەر خوتۇنىنىڭ تىل ـ ئاھانىتىدىن جاق تويۇپ، مېھمانخانىغا بېرىپ ياتماقچى بوپتۇ.
مېھمانخانا خوجايىنى ئۇنى بىر ياتاققا ئورۇنـ ـلاشـتۇرۇپ دەپتۇ:
ـ بۇ ئۆي ناھايىتى ياخشى، خۇددى ئۆزىڭىزنىڭ ئۆيىدەك ھېس قىلىسىز.
ئەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ دەرھال سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ياتاقتىن چىقىپ كېتىپتۇ.
ـ ئەپەندىم، نېمە بولدى؟
ـ مەن ئۆز ئۆيۈمدىن بىزار بولۇپ بۇ يەرگە كەلسەم...

# بىللە كېتەيلى

ئەر: كىيىم ـ كېچەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ نېمە قىلماقچىسەن؟
ئايال: بۇ ئۆيدە تۇرۇۋېرىشكە تاقىتىم قالمىدى. يىل بويى جاڭجاللىشىپلا كېلىۋاتىمىز. شۇڭا، بۇ

ئۆيدىن يوقىلاي دەيمەن.

ئەر: توختاپتۇر، مېنىڭمۇ بۇ ئۆيدە تۇرۇشقا تاقىتىم قالمىدى، كەتسەك بىللە كېتەيلى.

# ئەرگە جاۋاپ

ئەر خوتۇنىغا دەپتۇ :

- خۇدا نېمىشقا ئاياللارنى ھەم چىرايلىق، ھەم دۆت ياراتقاندۇ؟

- بۇنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئاددىي، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ خوتۇنى، - بىزنى چىرايلىق ياراتقانلىقى ئۇچۇن سىلەر بىزنى ياخشى كۆرىسىلەر، بىزنى دۆت ياراتقانلىقى ئۇچۇن بىز سىلەرنى ياخشى كۆرىمىز.

# كىتاپ بولۇپ قالسامچۇ

خوتۇنى: مەن بىر كىتاپ بولۇپ قالسامچۇ كاشكى.

ئېرى: نېمىشقا ئۇنداق دەيسەن؟

خوتۇنى: كىتاپ بولغان بولسام، كىتاپقا قارىغاندەك كۈن بويى ماڭا قاراپ ئولتۇراتتىڭىز.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېرى: شۇنى بىلىپ قالغىنىكى، مېنىڭ ھەرقانداق كىتاپنى بىرلا ئوقۇپ تاشلىۋېتىپ، يەنە يېڭى كىتاپ ئېلىپ ئوقۇيدىغان ئادىتىم بار.

# قايسى توي قىلغان قىز؟

مۇئەللىم ئوقۇغۇچىلاردىن سوراپتۇ : دەرەختە 9 تال قۇشقاچ بار ، ئوۋچى مىلتىق بىلەن بىر قۇشقاچنى ئېتىپ چۈشۈرسە دەرەختە يەنە قانچە قۇشقاچ قالىدۇ ؟

ئەمەت ئورنىدىن تۇرۇپ : بىرسىمۇ قالمايدۇ ، چۈنكى قالغان قۇشقاچلار قورقۇپ ئۇچۇپ كېتىدۇ. . .

مۇئەللىم : ياق ئۇنداق ئەمەس ، يەنە 8 تال قۇشقاچ قالىدۇ.

ئەمەت بۇنىڭغا قايىل بولماي ئوقۇتقۇچىسغا : مۇئەللىم مەن سىزدىن بىر سوئال سوراي جاۋاپ بىرەلەمسىز ؟

مۇئەللىم : ھە قېنى سوراڭ ؟

ئەمەت : يولدا 3 نەپەر قىز مارۇژنى يەپ كېتىپ بارىدۇ ، بىرىنجىسى مارۇژنىنى يالاپ يىدى ، ئىككىنچىسى لېۋىنى تەگكۈزۈپ ئالدىرىماي يىدى ، ئۈچىنچىسى بولسا شوراپ يىدى ، ئۇنداقتا سىز دەپ

بېقىڭا، بۇلارنىڭ قايسىسى توي قىلىپ بولغان قىز ؟
مۇئەللىم (يۈزلىرى قىزىرىپ ئىزا تارتقان ھالدا ) : ئۇنداقتا ئاۋۇ شوراپ يىگىنى. شۇنداقمۇ ؟
ئەمەت : ياق ، قولغا تويلۇق ئۈزۈك تاقىۋالغان قىز....

# ئىسسىق ئىچەي

بىر ھاراقكەش شىرەگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ، چۈشىدە قاۋاقخانا خوجايىنى ئۇنى ھاراق ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ:
- «ھاراقنى ئىسسىق ئىچەمسىز - سوغۇقمۇ؟» دەپ سوراۋاتقۇدەك.
ئۇ: «ئىسسىق ئىچەي» دەۋاتقۇدەك.
ئىسسىق ھاراق تېخى ئالدىغا كەلتۈرۈلمەستىنلا، خوتۇنى ئۇنى تۈرتۈپ ئويغىتىپ ئىشقا ھەيدەپتۇ.
- بۇرۇنراق مۇشۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولسام، سوغۇقلا ئىچىۋالار ئىكەنمەن - دەپتۇ ئۇ.

# خوتۇنۇڭ ساڭا ئامراقمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

خوتۇنۇڭ ساڭا ئامراقمۇ؟
ـ بەك ئامراق، سۆيۈملۈگۈم، ئەزىزىم دەپلا تۇرىدۇ.
ـ نېمىدېگەن كۆيۈمچان، دائىم شۇنداقمۇ؟
ـ ھەئە، ئەتىگەندە ئەزىزىم، توپلىيىمنى مايلىۋېتىڭ، دەيدۇ، چۈشتە سۆيۈملۈگۈم، تاماقنى چاپسان تەييارلاڭ، دەيدۇ، كەچتە ئامرىقىم، سۇ ئىسسىتىپ پۇتۇمنى يۇيۇپ قويۇڭ، دەيدۇ.

# سول قۇلاق ئوڭ قۇلاق

قىز ئوغۇل دوستىدىن سوراپتۇ: «جېنىم سىز مەن ئۈچۈن 1000 يۈەن خەجلەپ بىر كىيىم ئېلىپ بېرشنى خالامسىز؟»
ئوغۇل :«خاپا بولماڭ . سول قۇلىقىم سەل ئاجىزراق. گەپنى ئېنىق ئاڭلىيالمايتتى».
قىزنىڭ ئاچچىقى كېلىپ ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ باياتىن 1000 يۈەن دىگەن ئەمدى تازا كۆپتۈرۈپ 10مىڭ يۈەن قىلاي دەپ ئويلاپ : سىز ماڭا 10 مىڭ يۈەن خەجلەپ بىر كىيىم ئېلىپ بىرىشنى خالامسىز؟»دەپتۇ.

ئوغۇل كۆلۈپ كېتىپ قىزغا دەپتۇ : سىز يەنىلا مېنىڭ سول قۇلىقىمغا كېلىپ ئېيتىپ بېقىڭە!

# پۇل كەم

مەلۇم سودا شىركىتىنىڭ ئائىلىلىكلەرگىچە بېرىپ تىجارەت قىلىدىغان بىر خادىمى بىر ئائادەمنىڭ ئىشىـ ـگىنى چېكىپ، ئۆزىنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ۋاتىلداپ سۆزلەپ كېتىپتۇ:

_بىزنىڭ سودا شىركىتىمىز ئەتراپلىق مۇلازىمەت قىلىدۇ. تاۋارلىرىمىزنىڭ سۈپىتى سىزنى رازى قىلىدۇ. ئۆيىڭىزدە نېمە كەم بولسا شۇنى ئەكەپ بېرىمىز. سىلەرنىڭ ئۆيدە نېمە كەم؟

ئۆينىڭ ئىگىسى تېزلا جاۋاپ بېرىپتۇ:

ـ بىزنىڭ ئۆيدە پۇل كەم.

# ماجىرادىن كېيىن

ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى بىر پەس جاڭجالـ ـلاشقاندىن كېيىن ئېرى ھۆڭرەپ يىغلاپ ھازا ئاچقىلى تۇرۇپتۇ:

ـ سىنىڭ قەدرىڭ ئەجەپ ئۆتۈلدى، سەن ئۆلۈپ كەتمىگەن بولساڭ ماڭا مۇشۇ كۈن يوق ئىدى.
ئايالى: ۋاي سەن كىمگە ھازا ئېچىۋاتىسەن؟
ئېرى: سىنىڭ بۇرۇنقى ئېرىڭگە.

## رەمچى

رەمچى: سىز ئۆزىڭىزگە پال سالغۇزۇۋېلىپ پۇل بەرمەي كېتىۋاتىسىزغۇ؟
رەم سالدۇرغۇچى: سىز ھەممىنى بىلىدىغان رەمچى تۇرۇپ، يانچۇقۇمدا بىر تىيىنمۇ يوقلىقىنى بىلەلمىدىڭىزمۇ؟

## پالچىغا جاۋاپ

پالچى: سىز بەختلىك بولىدىكەنسىز، پات ئارىدا كېلىشكەن ئېگىز بويلۇق بىر يىگىت بىلەن توي قىلىدىكەنسىز.
ئايال: ئۇنداق بولسا ئۆيۈمدىكى پاكار، سەت ئېرىمنى قانداق قىلىمەن.

# بەك سەت بولدى

تۆنۈگۈن قارىسام قىز دوستۇم كۆپ ـ كۈندۈزدە يولنىڭ قاپ ئوتتۇرسدا بىر قېرى ئەر بىلەن قۇچاقلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. .
ئاغىنەم : ۋاي ما سەتچىلىكنى ، ئۇرمىغىدىڭما ئاۋۇ قېرىنى. قاراپ تۇردۇڭما ؟
نىمىگە قاراپ تورىدۇ ، ئاچچىغىم ئۆرلەپ 90 گىرادۇسقا چىقىپتىكەن، خۇيىۋەنجىيادەك مۇش پەشۋالىرىم بىلەن تازا ئۇردۇم ، قېرىشقاندەل قىز دوستۇم ئۇرماڭ دەپ توساپ كەتتى . لېكىن ئاخىرىدا نىمە بولدى دېمەمسەن ؟
ئاغىنەم :ھە دېگىنە نىمە بولدى ؟
نىمە بولاتتى، ھېلىقى قېرى ئالدىمدا تىزلىنىپ تۇرۇپ : مەن بۇ قىزنىڭ بوۋىسى، دەيدۇ ... ئاپلا خەشمەر. . . .

# ئاۋازىمدىن پەرق ئەت

ئېرى رەنجىگەن ھالدا خوتۇنىغا دەپتۇ:
ـ سەن كۈچۈكىمىزگە مېنىڭ ئىسمىمنى قويۇپ ـ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ـسەنغۇ، ئۇنى قىچقارساڭ مەن ئاڭقىرالماي قالامـ ـدىمەن؟
ـ ئەنسىرىمە، مەن كىچىكنى مۇلايىم ئاۋازدا قىچـ ـقىرىمەن، ئاۋازىمدىن پەرق ئېتىۋالساڭ بولىدۇ.

# تاغاردىن ئەرزانكەنسەن

بىر كىنى تۇرسۇن يوغان بىر تاغارنى كۆتۈرۈپ ئاپتوبۇسقا چىقىپتۇ. ئۇ تاغارنى جايلاشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بېلەتچىدىن سوراپتۇ:
ـ بېلەت قانچە پۇل؟
ـ ئۆزىڭىزگە يەن ئالىمىز، ئاۋۇ تاغىرىڭىزغا يەن بېرىڭ.
ـ بولدى خوتۇن تاغاردىن چىقە، يەنىلا سەن تاغاردىن ئەرزانكەنسەن.

# توشقان بىلەن يولۋاس

بىر ئورمانلىقنى ئوتتۇرىدىن ئايرىپ تۇرىدىغان بىر دەريا بار ئىكەن، دەريانىڭ بىر تەرىپىدە توشقان، يەنە بىر تەرىپىدە يولۋاس ياشايدىكەن.

توشقان بىركۈنى ئەتىگەندە يۈزىنى يۇغلى دەريا بويىغا چىقىپ يولۋاسنى چاقىرىپتۇ.
ـ ھەي يولۋاس، ھەي يولۋاس!
يولۋاس توشقاننىڭ چاقىرغىنىنى ئاڭلاپ دەريا بويىغا چىقىپتۇ.
يولۋاس :
ـ ھە، نىمە دەيسەن؟
توشقان:
ـ ئاچاڭنى ئالايمۇ، نىسغا ؟
يولۋاس ئىچى ئاچچىق بولغان ھالدا كىرىپ كىتىپتۇ، ئەتىسى ئەتىگەندە توشقان يەنە شۇنداق قىلىپتۇ،
يولۋاس نىمە قىلارىنى بىلمەي، تازا ئاچچىغى كەپتۇ، ئۈچىنچى كۈنى بۇ ئىش يەنە تەكرارلانغاندىن كىيىن يولۋاس زادى چىدىماي دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ مىڭىپتۇ، قارىسا ناھايىتى چوڭ بىر دەرەخ ئۆرۈلۈپ دەرياغا كۆۋرۈك بولۇپ قاپتۇ، يولۋاس ئۇ دەرەخكە يامىشىپ دەريادىن ئۆتۈپتۇ ۋە توشقاننىڭ ئۆيىنىڭ كەينىگە كىلىپ توشقاننىڭ چىقىشىنى كۈتۈپ يىتىپتۇ. تۆتىنچى كۈنى ئەتىگەندە توشقان دەريا بويىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

چىقىپ ئادىتى بويىچە يولۋاسنى مازاق قىلماقچى بولۇپ چاقىرىپتۇ :
ـ ھەي يولۋاس، ھەي يولۋاس!
يولۋاس ئاستا ئويغىنىپ، توشقاننىڭ كەينىدىن كېلىپ مۈرىسىنى تۇتۇپ :
ـ ھە ، نىمە دەيسەن دىسە، ھۇدۇققان توشقان، دەرھاللا ئۆزىنى ئوڭشاپ، دەپتۇ:
ـ ئاچام خىلى چوڭ بوپ قالدى، ئالامسەن، نىسگە . . . .

# تەنتەك ئەر

ئېرى تاڭ سۈزۈلۈشتىن ئىلگىرى ئورنىدىن تۇرۇپ بېلىق تۇتقىلى مېڭىپتۇ. ھاۋا ناچار ھەم سوغۇق بولغاچقا، يېرىم يولدا ئۆيىگە قايتىپ كىرىپ خوتۇنىنىڭ قوينىغا كىرىپ دەپتۇ:
ـ بۈگۈن ھاۋا ناھايىتى سوغۇق ئىكەن.
خوتۇنى ئۇيقۇلۇقتا ئېرىنى قۇچاقلاپ:
ـ شۇنى دېمەمسىز، تەنتەك ئېرىم مۇشۇنداق ھاۋادا بېلىق تۇتقىلى كەتتى،ـ دەپتۇ.

# ئۇقۇشماسلىق

بىر ئايال ياتاق ئۆيىنى سىرلىتىش ئۈچۈن سىرچى ياللاپتۇ. سىرچى ئۆيىنى كەچ كىرگىچە سىرلاپتۇ ، ئەمما سىرلاپ بولالماپتۇ.

كەچتە يولدىشى قايتىپ كېلىپ ، چىراقنى ياندۇرماقچى بولۇپ قۇرۇمىغان تامنى تۇتۇۋېلىپ ، بەش قولىنىڭ ئىزى تامغا چىقىپ قاپتۇ.

ئەتىسى ئەتىگەندە سىرچى يەنە ئىشلىگىلى كەپتۇ. ھېلىقى ئايال سىرچىغا:

ياتاق ئۆيگە كىرىڭە ، مەن سىزگە ئاخشام يولدىشىم تۇتقان يەرنى كۆرسىتىپ قوياي ، دەپتۇ.

سىرچى ناھايىتى ئوڭايسىزلانغان ھالدا:

خانىم كەچۈرۈڭ ، مەن دىيانەتلىك ، پاك ئادەممەن ، ناشايەن ئىشلارنى قىلمايمەن، دەپتۇ.

# كومپيوتېردىكى ئالۋاستى يۇمۇرلار

كىشىلەر كومپيوتېرنى مازاق قىلىپ نۇرغۇنلىغان گەپلەرنى قىلدى ، بۇنىڭ ئىچىدە نادىرلىرى:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

1. كۇنۇپكا تاختىسى .

بەزى ئادەملەرگە ئوخشاش قۇڭغا تېپىپ بېسىم ئىشلىتىپ تۇرمىسا ئىشلىمەيدىغان بىكار تەلەپ ، نەدە بېسىم بولسا شۇ يەردە خىزمەت ئۈنۈمى بولىدۇ ، يەنە كېلىپ قەيەرگە بەكرەك بېسىم ئىشلەتسىڭىز شۇ يەردىن بەك ئىنكاس كىلىدۇ ...

2. مائۇس

كىشلەر بۇنى چاشقان دەيدۇ ، بۇ چاشقان ئىلگىرى نىمە گۇناھ قىلغان بولغىيتتىكى تاڭ ، سىم قۇيرۇغىنى چاپلاپ ئۇستەلدە تۇرغىنى تۇرغان ، كىشلەر ئۇنى بوزەك قىلىپ ئۇياققا بۇياققا ئىشتەرسە شۇيەرگە ماڭماي ، چەكسە شۇ يەرنى غاجىلاپ تاتلاپ باقماي ئامالى يوق.

3. كومپيوتېر ئېكرانى.

بۇ بىر چوڭ ئەخلەت تۇڭغا ئوخشايدۇ. كىشلەر بۇ ئەخلەت تۇڭىدىن زىرىكمەي تېخى ئۇنىڭ ئىچىنى مالتىلاپ سىنجىلاپ قاراپ ئۆزىنىڭ خۇشاللىغىنى تېپىشقا ئىنتىلىدۇ.

4. بېسىپ چىقارغۇچى ماشىنا (پرىنتېر)

بۇ يەر بىر پۇراپ قالغان سېسىق ئۇبۇرنىغا ئوخشايدۇ ، كومپيوتېرنىڭ چوڭ تەرتى قىستاپ

هاجەت قىلغىسى كەلسە كىشىلەر تېخى ئۇنىڭغا پوقنى ئېيتىدىغان قەغەزلىرىنىمۇ تەييار قىلىپ تىقىپ تۇرىدۇ، لىكىن پوقنى ئېيتىپ تاشلىۋەتكەن بۇ قەغەزنى كىشىلەر كۆتۈرۈپ يۈرۈپ ئۇنىڭ ئىچىدىكى پوقلارنى ئاپىراتسىيە قىلغاندەك ئۇقۇپ خاتىرە ، ئارخىپ .... قىلىپ ئىشلىتىدۇ .. ئۆمرىگىزدە كۆرۈپ باقمىغان ھۇقۇق تامغىلىرى بېسىلىدۇ ...تېخى بۇ پوقنى كۆپەيتىپ فۇيىك قىلىپ يۈرىدۇ ، ھازىر فۇيىك بولمىغان سىز بىزلام قالدۇق دېسە...

# JPG دىگەن قايىسى سۆزنىڭ قىسقارتىلمىسى

كومپيۇتېر بىلمەيدىغان ھەم ناھايتى ناچار ئىككى ئادەم بىر ـ بىرسگە بېگىسى قىلىشىپ قاپتۇ .
بىرسى يەنە بىرسگە دەپتۇ : قارا مەسلەن BDTدىگەن بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قىسقارتىلىسمى ، ما كومپيۇتېردىكى جىق ئاتالغۇلار ئاڭلسام ئاشۇنداق سۆزلەرنىڭ قىسقارتىلمىسىدىن كەلگەنكەن ، ماۋۇ رەسىمنىڭ نامى JPG كەن. ئەمسە دەپ باقە بۇ سۆز نىمىنىڭ قىسقارتىلمىسى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

يەنە بىرسى كۆلۈپ كېتىپ **JPG** : دىگىنى جالاپنىڭ پاھىشىسى گېرى بولىدۇ دىگەنىنىڭ قىسقار- تىلمىسى ئۇ!

## كۈلكىلىك ۋىرۇس ئۆلتۈرۈش

سىڭلىسى: ئاكا ئالدىنقى يىل مەن بىر كومپيوتېر ئالغانتىم.
ئاكىسى: ھەجەپ ئىشلەتكىنىڭنى كۆرمىدىمغۇ مەن.
سىڭلىسى: شۇ ئېلىپ ئىشلىتىشىمگە ۋىرۇس يۇقۇپتىكەن.
ئاكىسى: ئادەم چاقىرىپ ئۇڭشاتساڭ بولمامتى.
سىڭلىسى كۆرەڭلىگەن ھالدا : كومپيوتېرىمنى ئېچىپ باقمىغلى ھازىر ساق بىر يىل بولدى دىگىنە ئاكا ، پەرىزىمچە شۇ ۋاقتىدا كومپيوتېرىمغا يۇققان ۋىرۇسلار ھازىر ئاچلىقتا ئۆلۈپ بولغاندۇ، ـ ھە!!

## كومپيوتېر مەستانىسى

مىنىڭ بىرتاغام ئالامەت كومپيوتېر مەستانىسى. ئۇ كەچكىچە يۇمشاق دېتاللار بىلەن ھەپىلىشىدۇ. بىر

چاغدا سىڭلىم بازارغا كىيىم ئالغىلى چىقىپ ھەممە دۇكانلارنى قويماي ئايلىنىپ بىر گۈللۈك ئەتلەس كۆينەك سېتىۋاپتۇ. ئۆيگە كېلىپ تاغامغا:
بۇ كۆينەك قانداقراقكەن سىز بىر باھالاپ بېقىڭ دېسە، تاغام تۇرۇپ كېتىپ : « نېمەدىگەن چىرايلىق يۇمشاق دېتال بۇ ؟» دېگۈدەك.

# چىۋىننى ئۆچۈرىۋەتسەك بولاتتى

كومپيۇتېر دەرسخانىسىدا مۇئەللىم دەرس سۆزلە ـ ۋاتاتتى ، بىر مۇنچە بىزەڭ چىۋىنلار دەرسخانىدا ئۇ ـ ياقتىن بۇياققا ئۇچۇپ ۋىڭىلداپ ئۇقۇغۇچىلارنىڭ قۇ ـ لاق مېڭىسىنى يەپ كېتىپ باراتتى.
بىر ئۇقۇغۇچى : «مۇئەللىم ماۋۇ قېلىن چىۋىنـ ـ ـلارنىڭ ئەخلەت ساندۇغىغا تاشلاپ، ئاندىن تەل تۆ ـ كۈس يۇيۇش بۇيرۇغىنى بىرىپ يوقىتىۋەتسەك بولمامدۇ ؟ »
مۇئەللىم كۈلۈپ كېتىپ :« ئەلۋەتتە بولىدۇ ، لېكىن مائۇسنى چىكىپ شۇ چىۋىن بار يەرنى تاپمىساق بولمايدۇ، ـ دە"..

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# تېخنىك خادىم تەكلىپ قىلىش

بىر شىركەت «كومپيوتېر تېخنىك خادىمى قوبۇل قىلىمىز» دەپ ئېلان چىقىرىپتۇ.

بۇنى كۆرگەن شەھەرنىڭ بۇلۇڭ پۇچقاقلىرىدىكى ئىشتىلارنىڭ ھەممىسى قاۋىشىپ بىر-بىرىگە خەۋەر قىلىپ ، ئىمتىھان بېرىمىز دەپ شىركەتكە كەپتۇ.

ھېلقى ئىشتىلار ئىمتىھان مەيدانىغا كىرىشكە خىزمەتچى خادىملار ئىشتىلارنىڭ ھەممىسىنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ.

ئىشتىلار نارازىلىق بىلدۈرىمىز دەپ بىر تال ۋېۋىسكىغا: «بىزگە پۇرسەت بېرىش كېرەك» دەپ تونۇلىشىپ شىركەتتىن كەتمەپتۇ.

شىركەت دېرىكتورى ئۇلارغا:«بىز ئىشتىلارنى شىركەتكە خىزمەتچىلىككە ئالساق بولمايدۇ»دەپ مىڭ چۈشەندۈرسىمۇ كارغا كەلمەپتۇ.

ئاخىرى دېرىكتور: «ئۆزەم ئىمتىھان ئالىمەن» ، دەپ بىر ئالا چىپار قانجىق ئىشتنى چاقىرىپ سوراپتۇ:

«سەن پروگراممىا يېزىشنى بىلەمسەن ؟ بىلسەڭ يېزىپ باقە قېنى ؟»

ئىشت قۇيرۇغنى شىپاڭشىتقانچە كومپيوتېرنىڭ

ئالدىدا ئولتۇرۇپ بىردەمدە بىر پروگراممىا يېزىپتۇ، ئىجرا قىلسا توپ توغرا مېڭىپتۇ.

دېرېكتور : «سەندە خىزمەتچىلەرنى تەشكىللەش ھەيدەكچىلىك قىلىش روھى بارمۇ ؟»

ئىشت دېرىزە سىرتىغا بېشىنى چىقىرىپ بىر ھاۋشىپتىكەن ئۇنىڭغا ئەگىشىپ ئىمتىھان بەرگىلى كەلگەن ھەممە ئىشت تەڭ قاۋاپ جاھاننى بېشىغا كېيىپتۇ.

دېرېكتور : «بىز ھەر قانچە بولسىمۇ ئىشتنى شىركەتكە خىزمەتچىلىككە ئالساق بولمايدۇ ، ـ دە ،، ھە بوپتۇ سەن پروگراممىا يېزىشنى ، تەشكىللەشنى بىلگەن تەقدىرىمۇ يەنە سەن ئاز دېگەندە 2 خىل تىل بىلىشىڭ كېرەك».

ئىشت : « ھاۋھاۋ !! ... ماۋماۋ...!»

بۇنى ئاڭلىغان دېرېكتور ئۇڭدىسىغا يىقىلىپ چۈشۈپتۇ...

# تېلېۋىزور كۆرۈش

ئايالى تېلېۋىزور كۆرۈۋاتاتتى تۇيۇقسىز قانال يۇقاپ كەتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئايالى : تېلۋۇزۇردا قانال يۇقاپ كەتتىغۇ ، دادىسى سىز بىر تەكشۈرۈپ بېقىڭا!

ئەر : ئاپلا كۆك ئېكران بولۇپ قاپتۇ.

ئايالى : نېمىشقا شۇنداق بولىدۇ ؟

ئەر : ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقارمىغان ئىش بولسا چۇقۇم قاتتىق دېتاللار تۇقۇنۇشۇپ قالغان گەپ.

# پۇتلىكاشاڭ

سودا سارايىنىڭ مۇھاپىزەتچىسى ئۈنلۈك توۋلاپ:

ـ ھۆرمەتلىك مېھمانلار، ھازىر سېرىق كۆڭلەك كىيگەن ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل بالىنى تېپىۋالدۇق، بالىسىنى يوقاتقۇچىلار دەرھال كۈتۈش ئۆيىگە كېلىپ بالىسىنى ئېلىپ كەتسۇن.

ئىشىك تۈۋىدە تۇرغان بىر ئايال دوستىغا پىچىرلاپتۇ:

ـ بالامغا قارايدىغان ئادەم تېپىلدى، يۈر، تاللا بازىرىنى ئايلانغاچ كۆڭۈل ئېچىپ كېلەيلى.

# مېنى قوغلاڭ

بىر كۈنى كەچتە بىر چىرايلىق قىز ئۇرۇمچىـ ـ

ـدىكى 4 ـ دوختۇرخانا يەنى ساراڭلار دوختۇر ـ خانىسى يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا ، قىپ ـ يالىڭاچ بىر ئەر قوغلاپ كېلىۋاتقىدەك . ئۇ قورققىنىدىن جېنىنىڭ بېرىچە قېچىپتۇ . ھېلىقى ئەرمۇ كەينىدىن داۋاملىق قوغلاپتۇ . بىر چاغدا ئۇ قىز ھېچ يەرگە قاچقىلى بولمايدىغان يەرگە كېلىپ قاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن ئۇ يۈكىنىپ ئولتۇرۇپ ، يىغلاپ تۇرۇپ ھېلىقى ئەرگە:

منى نىمە قىلىسىڭىز قىلىڭ ، لېكىن ئۆلتۈ ـ رىۋەتمەڭ . دەپ يالۋۇرۇپتۇ .

بۇنى ئاڭلىغان ئەر ئۇنىڭغا قاراپ ھەجىيىپ تۇرۇپ :

گېپىڭىز راست بولسا ھازىردىن باشلاپ مېنى سىز قوغلاڭ . دەپتۇ...